تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ھىجران

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ھجران

2

(رومان)

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

诀别．下/吐尔逊江·买买提著．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.12（2007.11 重印）

ISBN978—7—228—10683—7

Ⅰ.诀… Ⅱ.吐… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I 247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 156700 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 吐尔逊江·买买提 |
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 13.125 |
| 插　　页 | 2 |
| 版　　次 | 2006 年 12 月第 1 版 |
| 重　　印 | 2007 年 11 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 3001—6000 册 |
| 定　　价 | 28.00 元 |

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نىغمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# ھىجران (2)

**ئاپتورى :** تۇرسۇنجان مۇھەممەت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەزىز تۇردى
**مەسئۇل كوررېكتورى :** گۈلشەھەر نىمەت
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى :** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 13.125
**قىستۇرما ۋارىقى :** 2
**نەشرى :** 2006 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2007 - يىلى 11 - ئاي 2 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 3001—6000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN978—7—228—10683—7
**باھاسى :** 28.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب قوشنىلار ...... 1
ئىككىنچى باب گۈللۈك فونتان ...... 20
ئۈچىنچى باب يېڭى ئۇۋا ...... 55
تۆتىنچى باب تېگىرقاش ...... 93
بەشىنچى باب مۇھەببەت ...... 121
ئالتىنچى باب غۇر - غۇر شامال ...... 166
يەتتىنچى باب قىزىل يوللۇق گالستۇك ...... 212
سەككىزىنچى باب تۇنجى خەت ...... 259
توققۇزىنچى باب تەڭلىك ...... 301
ئونىنچى باب كۆلپەت ...... 356
ئون بىرىنچى باب ھىجران ...... 413
ئون ئىككىنچى باب ئازابلىق كۈنلەر ...... 471
ئون ئۈچىنچى باب قىياق ...... 509
ئون تۆتىنچى باب يۈرەكتىكى زەرداب ...... 548
ئون بەشىنچى باب كەيىپ بولغان يۈرەكلەر ...... 602
ئون ئالتىنچى باب پاجىئە ...... 695
ئون يەتتىنچى باب قۇتۇلۇش ...... 758
ئون سەككىزىنچى باب توزۇغان گۈل ...... 784
ئون توققۇزىنچى باب پەرۋاز ...... 854


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

## ئون ئىككىنچى باب

# ئازابلىق كۈنلەر

### 56

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. تەبىئەت قىش بوۋاي ھەدىيە قىلغان ئىزغىرىن سوغۇق ۋە توڭلۇز چوكان ھەدىيە قىلغان كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقنىڭ تەمىنى يەنە بىر قېتىم تېتىپ ئۆتتى. كۈنلەر دەقىقە ساناپ شۇنداق تەستە كەچ بولغىنى بىلەن، بىر يىلنىڭ قانداقىسىگە مۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم تۇيمايلا قالدى.

سۇلايمان قاسىمنىڭ تورۇسقا قاراپ ياتقىنىغا نەچچە سائەتتىن ئاشتى. ئۇ مۇشۇ بىر يىلنىڭ ئۆزىگە نېمىلەرنى بەخش ئېتىپ، نېمىلەرنى ئېلىپ كەتكىنىنى ئەسلىمەك بولاتتى. لېكىن، شاماللار گۈرۈلدەپ تۇرغان قەدىمىي ئورماندەك غۇيۇلداپ تۇرغان ئېغىر بېشىدا ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. پەقەت ھېلىقى ئاخشام ... قەمبەرخان ئۇنى باغاق يېزىشىپ بىرىشكە چاقىرغان ھېلىقى ئاخشام ... ئۇ چاغدا سۇلايمان قاسىم ھېچ ئىشنى ئويلىماستىنلا قەمبەرخاننىڭ كەينىدىن ئۆيىگە چىققانىدى. ئۆيىئچى ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن ئادەمگە ھېچبىر يېڭىلىق تۇيغۇسى كەلمىسىمۇ، مېھمانخانا ئىچىدە ئېغىر سۈكۈنات لەيلەپ تۇراتتى. ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشكەن، سەل تىترەپ قالغان بارماقلىرى ئارىسىدا چىڭ قىسىلغان موخۇركىسىنى چېكەيمۇ - چەكمەيمۇ دېگەندەك ئىككى خىيال بولۇپ ئولتۇرغان ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭغا ئايانچلىق نەزەردە قاراپ قويدى. قەمبەرخان بولسا سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مۆلدۈرلەپ

قارايتتى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن رىسالەتنى كۆندۈرۈشكە سىلىنىڭ باشقىچە ئاماللىرى بارمۇ؟ دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى . رىسالەت مېھمانخانىغا كەيىننى قىلغان ھالدا ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ ، يۈزىنى دېرىزىنىڭ مۇزدەك ئەينىكىگە ياققىنىچە سىرتقا — ئاستا - ئاستا سورۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلارغا ، كەچكى شامال لىڭشىتىپ ئويناۋاتقان مەجنۇنتال يوپۇرماقلىرىغا ، بارغانسېرى كۆكۈم قوينىغا شۇڭغۇۋاتقان كۆرۈمسىز بىنالارغا قارىغىنىچە مۆڭ-لىنىپ تۇراتتى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدى كاچكۇلدەك مۇزلىدى . ئۇ قايسى كۈنى رىسالەت بىلەن دەريا بويىدا خوشلاشقاندىن بېرى ئۇنى بىر قېتىممۇ كۆرمىگەنىدى .

— شۇنداق قىلىپ توينى قىلىدىغان بولدۇق ، ئۇكا ، — دې-دى ھوشۇر سەلەي ئېغىر تىنىپ قويۇپ ، — ئەمما ، بۇ قىز نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟ تويغا رازىلىق بەردىيۇ ، لېكىن ئىشتىن كەلسىلا مۇشۇنداق تۇرغىنى تۇرغان . ئۇنىڭغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدۇ . ھەي ، بالا دېگەن كىچىكىدە بالا ئىكەن ، سايىسى تېقى-مىغا چۈشتىمۇ ، بولدى ، ئادەم دېگەننى پۈشتىغا ئېلىپمۇ قويمايدى-كەن . ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆز يۈرەك پارىسىنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرەمدۇ؟ ئەلكۈن ئالدىدا بىزنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك ئە-مەسمۇ؟

سۇلايمان قاسىم ئۈندىمىدى . ئۇ ئاستا كېلىپ ساپادا ئولتۇر-دى . پۈرژىنىلىرى بوشاپ قالغان ساپامۇ ھوشۇر سەلەيگە قوشۇلۇپ زارلاۋاتقاندەك غىچىرلىدى . بۇ ئاۋاز خۇددى سوكۇتلۇك دالىدا يىراقتىكى ئېقىننىڭ شارقىرىشى ئاڭلانغاندەك ئۆيئىچىنىڭ جىم-جىتلىقىنى بۇزدى . رىسالەت ئېغىر خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇ-لۇپ چىقىپ ، كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ساپادا تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەي ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ ، چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈردى . ئەمما ، ئۇ تېزلا بۇرۇنقى بىپەرۋا ، سوغۇق ھالد-تىگە قايتىۋالدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن «توگىدى ، ئەمدى ھەممىسى توگىدى» دېگەندەك بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ئىپادىسى غىل - پاللا

كۆرۈنۈپ قالدى .

قەمبەرخان ياتاق ئۆيدىن بىر تىزىملىك بىلەن بىر قۇچاق باغاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىدا قويدى . ئۇ مۇشۇ ئىشنى قىلىۋېتىپمۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىدا قانداق ئىپادىلەرنىڭ كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمىدى . سۇلايمان قاسىم تۇنجى قېتىم بۇ ئايالنىڭ گۇمانخورلۇقىدىن ، بىزەڭلىكىدىن ئاغرىندى . ئۇ «ھە مانا ، ھەممىنى كۆرۈۋال» دېگەندەك ئايالنىڭ بىر ئاز تاتىراڭغۇ كۆرۈنىدىغان سولغۇن چىرايىغا دادىللىق بىلەن تىكىلدى . ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە خۇددى ئەشەددىي رەقىبلەرنىڭكىدەك قادالدى . سۇلايمان قاسىم شۇ چاغدىلا قەمبەرخاننىڭ نېمە مەقسەتتە ئۆزىگە بۇنداق تىكىلىپ قارىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ تېگىدە «قىزىم مۇشۇ كۈنگە قالدى ، بۇ ئىشتا سىلىنىڭ سەۋەبكارلىقلىرى يوقمۇ ؟ » دېگەن سوئال چايقىلىپ تۇراتتى . سوئالغا ئۇنىڭ يۈزمۇيۈز تۇرۇپ لىللا جاۋاب بەرمىكى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، ئۇ نەزىرىنى دەستىلىنىپ تۇرغان باغاقلارغا يۆتكىدى ۋە تۆش يانچۇقىدىكى قەلەمگە قولىنى ئۇزاتتى .

باغاقلار ئالاھازەل ئىككى سائەتلەردە يېزىلىپ بولدى . ھەربىر باغاق ئۆتكۈر خەنجەرگە ئايلىنىپ سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكىگە زەرپ بىلەن سانجىلاتتى . سەۋەبىنى بىلىپ بولماس بىر ئاغرىق ئۇنى تىنىمسىز ئازابلىماقتا ئىدى . ئۇ خۇددى ، ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئۆز قولىدا يەرلىككە قويغاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە ئازابلىناتتى . باغاقلار يېزىلىپ بولغۇچە رىسالەت تۇرغان يېرىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى . ئۇ خۇددى ھەيكەلتىراشنىڭ قولىدىن ئەمدىلا پۈتۈپ چىقان ئاق قۇنىڭ ھەيكىلىدەك ، قارىيىپ تۇرغان ئاسمانغا ، ئۇ يەردە خىرە - شىرە كۆز قىسىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ قەلبى چېقىلغان ئەينەكتەك پارە - پارە بولدى .

شۇنداق ، باغاق يېزىلىپ ھەپتىدىن كېيىن بۇ قورۇدا توي

دىسە توي ئەمەس ، نەزىر دىسە نەزىر ئەمەس ئاددىيلا بىر مەرىكە ئۆتكۈزۈلدى . ھەشەم ـ دەرەمسىز بۇ تويدا بىر جۈپ يۈرەك ئازاب-لىق پۇچۇلانماقتا ئىدى . سۇلايمان قاسىمنىڭ جۇدالىق دەردى پاتماي تۇرغان يۈرىكىدە يەنە ئەندىشىمۇ بار ئىدى . ئۇ ھىمىت ياسىننىڭ ھىلىقى ئىشنى بىلىپ قىلىشىنى ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلاپ يۈرۈپ ئىغىزى ئىچىۋىتىلگەن بىر كونۋېرتقا ئىرىشكىنىد-نى بىلىپ قىلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى . ناۋادا بۇ ئىشتىن بىرەر چاتاق چىقىدىغان بولسا قەمبەرخاننىڭ گۇمانى روياپقا چىقىپ ، ئالەمنى مالەم قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى . ناۋادا شۇنداق ئىش يۈز بىرىپ قالسا ، ئۇلار ئۆزۈندىن بىرى كۆكلۈل قويۇپ قۇرۇپ چىققان قوشىندارچىلىق بىناسىنىڭ ئۇلى تەۋرەپ قىلىشى ، ھەتتا ئۇ پۈتۈن-لەي غۇلاپ چۈشۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى .

چۈشتىن كىيىن قىز كۆچۈرۈلدى . ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى يىقىن بولغاچقا ، رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىرنەچچە ماشىنا يىگىت قولدىشى ، قىز يەڭگىسى ۋە ھە ـ ھۇچىلارنى ئىلىپ ناھىيە كوچى-لىرىنى بىرپەس ئايلىنىپ چىقىپ ، بۇ توينىڭ داغدۇغىسىنى قىل-غان بولدى . شۇنىڭدىن كىيىن ھىمىت ياسىن تومۇرلىرىدا ئىس-سىق قىنى شۇرۇلداپ ئىقىپ تۇرغان بىر قىزنى ئەمەس ، ماگىزىند-لاردىكى سۇلياۋدىن ياسالغان مودىللاردەك ، سوغۇق بىر تەننى ئۆز ھۇجرىسىغا ئىلىپ كىرىپ كەتتى .

مۇشۇلارنى ئويلىسا ، سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كىتەتتى . بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلغان ، تاماكىنى ئۇزمەي چىكىپ يۈرۈپ چىرايىمۇ تاماكا ئىسىدەك قارىداپ كەتكەن ، سەۋەبىنى بىلىپ بولماس بىر ئاغرىق ئۇنىڭ دەرمانىنى ئاستا ـ ئاستا شورىماقتا ئىدى . قەددى ئىگىلىپ ، ئەتلىرى تارتىلغان سۇ-لايمان قاسىم بىراقلا نەچچە ياش قىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى .

ھەرھالدا تويدىن كىيىن بىرەر ئىش كۆرۈلمىدى . توي كىچى-سىمۇ تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى . بىرەر شەپە چىقمىغاندىن كىيىن ، سۇلايمان قاسىمنىڭ ئەندىشىدىن تىپچەكلەپ تۇرغان يۈرىكىمۇ

جايىغا چۈشكەندەك بولدى . ئەمما ، ئۇ ھەر قېتىم ھىمىت ياسىن
بىلەن بىنا پەلەمپەيلىرىدە دوقۇرۇشۇپ قالغىنىدا ئۇنىڭغا يۈز كې-
لەلمەيدىغاندەك سېزىم ئىچىدە قالاتتى . ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ھەم-
مە ئىشلار ئۆز رىتىمىغا كەلگەن ، قەمبەرخاننىڭ شۈبھە ۋە تەشۋىش
چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىمۇ مۆلايىملىشىپ قالغانىدى .
بىر ھەپتىدىن كېيىن ھىمىت ياسىن قېيناتا - قېينانىسى
بىلەن قوشنىسى سۇلايمان قاسىملارنى ئۆيىگە چاقىرىۋالدى . قەم-
بەرخان ، ھوشۇر سەلەي ، شاپائەت ، قۇربان ، جەۋلانلار شىرەنىڭ
بىر تەرىپىدە ، سۇلايمان قاسىم ، زۇلخۇمار ، خالىقجان ، قۇددۇس-
جانلار بىر تەرەپتە ئولتۇرۇشقانىدى . چىرايىدىن مەمنۇنلۇقى چى-
قىپ تۇرغان ھىمىت ياسىن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا قىلغىلى قىلىق
تاپالماي يۈرەتتى . ئۇ ھېلى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ سۇلياۋ خالتىلاردىكى
مېۋە - چېۋىلەرنى پەتنۇسقا تىزاتتى . ھېلى ئاشخانىغا كىرىپ ، ئۇ
يەردە نېمىدۇر بىر ئىش بىلەن مەلىكە بولۇۋاتقان رىسالەتكە بىرنەر-
سىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى . ئۆيئىچىگە نەزەر تاشلاپ ئولتۇرغان
قەمبەرخاننىڭ چىرايىدا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى . ئۇ
بىر قىزىنى خاتىرجەم ئۇزاتقىنىدىن ، تويدىن كېيىن ئۇ ئەنسىرى-
گەن ئىشلارنىڭ چىقمىغىنىدىن ئۆزىنى بەكلا يېنىكلەپ قالغاندەك
سەزمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ھەمىشە سۇلايمان قاسىمغا نەشتەردەك
سانجىلىدىغان كۆز نۇرلىرىمۇ قاياققىدۇر يوقالغانىدى .
شىرە ئۈستى نېمەتلەر بىلەن توشقۇزۇۋېتىلدى . تونۇر كاۋى-
پى ، پىشۇرۇلغان توخۇ ، مەڭزى بەختى ئېچىلغان قىزلارنىڭكىدەك
قىزىرىپ تۇرغان گۆشگىردە … ھەممىسى بازارنىڭ تەييار تاماقلى-
رى بولۇپ ، رىسالەتنىڭ قولىدىن پەقەت قىزىق چاي دەملەشلا
كەلگەندەك قىلاتتى . بۇنىڭغا قاراپ بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقنىڭ
ھىمىت ياسىننىڭ تەكلىپى بىلەن بولغانلىقىنى پەملىگەن سۇلايمان
قاسىمنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ
كەتتى . ئۇ ھىمىت ياسىننىڭ چىرايىغا پەقەتلا قارىيالمىغانىدى .
ئاشخانىدىن چىقىپ ، مېھمانلارغا چاي تۇتۇۋاتقان رىسالەتنىڭ

ۋىللىدە قىزارغان يۈزلىرى سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى . دەل شۇ چاغدا قەمبەرخاننىڭ يۈگۈرۈك كۆزلىرىمۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى . ئارىدا قولايسىز بىر كەيپىيات پەيدا بولۇپ ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىشقا باشلىدى . رىسالەت ئىشنى تۈگەتتى ۋە شىرەدىن سەل نېرى سۈرۈلۈپ چەتتىكى بىر كىچىك ئورۇندۇققا ئولتۇردى . ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا شۇنداق سولغۇن ، يېڭى تويى بولغان ، شېرىن مىنۇتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان قىزلارنىڭ يۈزىدە پەيدا بولىدىغان بەخت جىلۋىسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇ خۇددى ئۆز تۇپرىقىدىن قومۇرۇلۇپ باشقا بىر تۇپراققا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن گۈلدەك سولىشىپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىم قىزنىڭ چىرايىدىكى بەختكە يات بۇ ئىپادىنى كۆرۈپ ، ھالىغا ئېچىندى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئېچىنىشتىن باشقا قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيتتى .

سۇلايمان قاسىم شۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتىن كېيىن بىرەر ئايغىچە رىسالەتنى قورۇدا قايتا ئۇچرىتالمىدى . قىز كۆزىگە چېلىقمىغانسېرى ئۇنىڭ چايقىلىپ تۇرغان كۆڭۈل ئېقىنلىرىمۇ بىر ئىزغا چۈشكەندەك بولاتتى . ئەمما ، يەنە نېمىدۇر بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك تەشۋىشلىنەتتى ، كۆزلىرى ئەتراپتىن بىرسىنى ئىزدەيتتى . ئىزدىگەن نەرسىسى تېپىلمىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى . ئىشقىلىپ ئۇ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىچىدە قالغاندى . مۇمكىن بولسا ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغان مۇشۇ ئىزتىراپلىق خىياللاردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ ، يىراق - يىراقلارغا كەتكۈسى ، ئاسماندەك كەڭ ، تاغدەك سۈكۈتلۈك داللارنى ماكان تۇتۇپ ، زاھىتلاردەك بىر ئۆمۈر تىپتىنچ ياشىغۇسى كېلەتتى .

سۇلايمان قاسىم تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇدىن بىدار ھالەتتە ئۆتكۈزدى . ئىشتىھاسى تۇتۇلدى ، تېنىمۇ ئاستا ئېرىۋاتقان مۇز قاتلىمىدەك بارغانسېرى سىزىپ بارماقتا ئىدى . ئۇ ئىشتىن چۈشسىلا ئۆيگە كىرەتتى . زۇلخۇمارغا ، باللارغا گويا ئۇلار بىلەن



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قىلچە ئالاقىسى يوقتەك پەرۋاسىزلارچە قاراپ قوياتتى ۋە خانىلەرنى بىرقۇر ئارىلىغاندىن كېيىن ، يەنە سىرتقا ماڭاتتى . قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، ئۆزىگە تونۇش كوچىلاردىن قانداق مېڭىپ ئۆتكىنىنى تۇيمىغان ھالدا بىر يەرلەرگە بېرىپ قالاتتى . ئازابلىق خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى يارداڭلىقلاردا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا چۆچۈپ كېتەتتى .

— سىزگە نېمە بولدى ؟ — سۇلايمان قاسىمدىكى ئىلگىرىكىدىگە ئوخشىمايدىغان بۇ غەيرىيلىكتىن ھەيران بولغان زۇلخۇمار بەزىدە ئۇنىڭ مۇزدەك بارماقلىرىنى يۇمشاق ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن سورايتتى ، — مىجەزىڭىزمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس ، سىزگە چوقۇم بىر ئىش بولدى . ھەرگەپ بولسا ئىچىڭىزگە يۇتۇپ ئولتۇرماي دەۋەتمەمسىز ؟ بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ ، كۆڭلىڭىزگە ئازار بەردىممۇ يا ؟ شۇنداق بولسا مېنى تىللاڭ ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ رازىمەن . ئەمما ، بۇلۇتلۇق ئاسماندەك مۇنداق تۇتۇلۇپ ئولتۇرسىڭىز مەن چىدىمايمەن...

شۇنداق ، ئۇنىڭ ھازىرقى روھىي دۇنياسى بەئەينى ھېلىلا چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغان ئاسماندەك تۇتۇق ئىدى ، ئۇ يەردە قاپقارا بۇلۇتلار ئۆرىدەيتتى ، لالما بۇلۇتلار شامال تېزلىكىدە ئۇزۇپ يۈرەتتى ، ئەتراپ تۇيۇقسىز كېلىدىغان قانداقتۇر بىر ئاپەتنى كۈتۈۋاتقاندەك سۈكۈتلۈك ئىدى . ئۆزىنىڭ قانداقسىگە بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىغا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى .

ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ، زۇلخۇمارنىڭ قولىنى چىڭ - چىڭ قىساتتى . ئەمما ، دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى .

كۆز كۆنلىرى يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئەتراپتىن سوغۇق شامال كېلىشكە باشلىغان ، بەرگىدىن بالدۇر ئايرىلغان سارغايغان ياپراقلار ئاشۇ شامالغا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ يۈرەتتى . يارداڭلىقنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر تاختا قوناقلىقنىڭ قۇرۇشقا باشلىغان ياپراق-

لىرى شامالدا شار ـ شۇر قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى . كۆنمۇ بارغان
سىرى يىراقلاپ كەتكەن ، دەرەخلەرنىڭ سايىسىمۇ نەچچە ھەسسە
ئۇزىراپ قالغانىدى . نەچچە كۈن ئۆتسە بۇ قوناقلارمۇ چىپىلىدۇ ، باشاقلىرى خامانغا توشۇلىدۇ ، غول ۋە سارغايغان ياپراقلار
ئېغىل ـ قوتان ئەتراپىدىن ئورۇن ئالىدۇ . قوناقلىق يالىڭاچلىنىدۇ . ئاندىن بۇ يەردە ئاچچىق سوغۇق كۈچ كۆرسىتىپ ، ئىزغىرىن
شامالار ھۇشقۇيتىدۇ . قىرو قاپلىغان دالا سۇلايمان قاسىمنىڭ
كۆڭلىدەك ئاستا ـ ئاستا توڭلاپ قېتىشقا باشلايدۇ .
ئاچچىق خىيال بىلەن ئۆتكەن بىرمۇنچە ۋاقىت ئۇنىڭغا شۇنداق
بىر ھەقىقەتنى تونۇتتى : «كۆڭۈل جاھىل نەرسە ، ئۇ ئادەمنىڭ
ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ . ئۆزۈڭگە تەۋە بولمىغان ، ئېرىشكەندىن
كېيىنمۇ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلمايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى
ئاچ كۆزلەرچە خالايدۇ . سەن ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ مۇتتەھەملىكىدىن قۇتۇلالمايسەن . بەزىدە ئۇ غالىب كېلىپ ، سېنى ھەر
كويلارغا باشلايدۇ . ئىختىيارىڭنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ
قويغىنىڭ تۇگەشكىنىڭ شۇ ! بۇنداق چاغدا كۆڭۈل ساڭا بىر ئۆمۈر
تىرىشىپمۇ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان پۇشايمان شارابىنى
غەرق مەست بولغۇچە ئىچۈرۈۋېتىدۇ . بۇنداق چاغدا قاقشىغىنىڭ ،
ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە باشنى يارغىنىڭمۇ بىكار . چىققان كۆز
ئورنىغا كەلمەيدۇ...»
سۇلايمان قاسىم رىسالەتنىڭ ئەينى چاغدىكى قىزغىنلىقىنى
بىر خىل بەڭۋاش ھەۋەسنىڭ بىردەملىك قۇترىشى دەپ بىلگەن ۋە
بۇرغۇن كۆڭۈل ئىستەكلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغان ، تېخى ئۆتەك
قىزغىنلىقىنى مەسخىرە قىلىپ ئىچىدىمۇ كۈلگەنىدى . ئۆزىنىڭ
بىر ئائىلىگە باش بولغىنىنى ، رىسالەت بىلەن بىللە بولسا ، بۇنىڭغا
ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ —جەمئىيەتنىڭمۇ يول قويمايدىغانلىقىنى
ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى
بىر تەلپىنىمۇ چىرايلىقچە رەت قىلغانىدى . بەلكىم ئۇنىڭ شۇنداق
قىلغىنى تامامەن توغرىدۇر . مانا ، ئەمدى كېلىپ ئۆزىنىڭ قانداق-

سىگە بۇنداق خىيالچان بولۇپ قالغانلىقىنى ، قانداقسىگە بۇنداق
ئايغى چىقماس خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغىنىنى ، قانداقسىگە
رىسالەتكە مۇنچە مەپتۇن بولۇپ قالغىنىنى بىلەلمىدى . بەلكىم بۇ
ئۇنىڭ كۆڭۈل تىزگىنىنى خىيال سەردارىغا تۇتقۇزۇپ قويغىنىدىن
كېلىپ چىققان ئاقىۋەت بولسا كېرەك . بۇخىل سورۇقچىلىقىنىڭ
قاچانغىچە داۋاملىشىشىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى .

سۇلايمان قاسىم تورۇسقا قاراۋېرىپ تېلىپ كەتكەن كۆزلىرى-
نى يۇمۇپ بىرئاز ياتتى ۋە بىر ئىش تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك
چاچراپ ئورنىدىن تۇردى . ئۆيئىچى تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىغا
تولغانىدى . ئۇ بالكونغا چىقىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى . سىرتتىن
ئېتىلىپ كىرگەن مۇزدەك شامال ئۇنىڭ خام كاۋىدەك ئېسىلىپ
تۇرغان بېشىنى بىرئاز سەگىتتى . ئۇ سائىتىگە قارىدى . كەچ
كىرىشكە يەنە بىر سائەتچە ۋاقىت قالغانىدى . زۇلخۇمار يېزىغا
تۇغقان يوقلاپ چىقىپ كەتكەن ، خالىقجان بىلەن قۇددۇسجاننىڭ
قورسىقى ئۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى . بالىلار مەكتەپتىن
كەلگۈچە ئۇلارغا يەيدىغان بىرنەرسە تەييارلاپ تۇرمىسا بولمايتتى .
شۇڭا ، ئۇ يەڭلىرىنى شىمايلاپ ، بىر داسقا ئۇن ئالدى ۋە خېمىر
يۇغۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى . دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭ-
غۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى . سۇلايمان قاسىم بالىلارنى مەكتەپتىن
كەلگەن بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ئىشىكنى ئاچتى . بوسۇغا
تۈۋىدە قەمبەرخان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى .

— مانا ، مانا ، ئويلىغىنىمدەك چىقتى ، — دېدى ئۇ پىخىلد-
داپ كۈلۈپ قويۇپ ، — ھەي ئۇكام ، نېمە قىلغانلىرى بۇ ؟ ئەر
كىشىمۇ قولىنى خېمىر قىلامدۇ ؟ قويسىلا بۇ ئىشنى ! زۇلخۇمار-
نىڭ يوقلۇقىنى بىلگەچكە ، كەچلىك تاماقنى بىزنىڭكىدە قىلدىم .
بالىلار مەكتەپتىن كەلسىلا ئېلىپ چىقسىلا . ھوشۇركىلىرىمۇ سى-
لىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ . چاقىقان بولسىلا ئەمىسە .

سۇلايمان قاسىم بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى سەمىمىيلىكنى ،
چىرايىدىكى قىزغىنلىقنى كۆرۈپ ، تەكلىپىنى رەت قىلالمىدى .

تويدىن كېيىن هوشۇر سەلەي سۇلايمان قاسىملارنىڭ ئۆيىگە كى-
رىپ - چىقىپ يۈرسىمۇ ، لېكىن سۇلايمان قاسىم نېمىشقىدۇر
ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنىدى . بولۇپمۇ قەمبەرخاننىڭ
كۆزلىرىدىكى هېلىقى گۇمانىي تۇيغۇلارغا تويۇنغان سىرىق ئۇچقۇن-
نى هەر قېتىم كۆرسە ، بىردىنلا ساراسىمىگە چۈشۈپ ، تېنىنى
مۇزدەك سوغۇق تەر بېسىپ كېتەتتى . «خۇدۇكى بار موللام بەك
تەرلەيدۇ » دېگىنى شۇ بولسا كېرەك ، ئاشۇ قېتىم رىسالەت ئۇنى
قۇچاقلاپ تۇرغاندا ، قەمبەرخان بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن
بولغاچقا ، سۇلايمان قاسىم ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . تويمۇ
بولدى ، تويدىن كېيىن باشقىچە بىرەر ئەھۋالمۇ كۆرۈلمىدى . شۇ-
ڭا ، قەمبەرخاننىڭ كۆڭلىمۇ ئەمىن تېپىپ قالغان ۋە ئىلگىرىكى
قىزغىن قوشنىدارچىلىق كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇ-
نۇۋاتقاندەك قىلاتتى .

— يەنە سىلەرنى ئاۋارە قىلامدىمەن ئەمدى ؟ — دېدى سۇلاي-
مان قاسىم ئۇن يۇقى قوللىرى بىلەن گەدىنى تاتىلاپ قويۇپ .

— قويسىلا ئۇ گەپنى ، ئۇكام . ئەمدى ئادەمنى بىر خىجىل
قىلمىسىلا ! ئۆزلىرىنىڭ بىزنىڭ بوسۇغىدىن پۇتلىرىنى ئېلىپ
باقمىغانلىرىغا قانچىلىك بولغاندۇ ؟ هېچ ئىشتىن - هېچ ئىش يوق
بۇنداق باتىنىشىپ يۈرسەك ، دوست - دۈشمەنگە ئويۇن ئەمەسمۇ ؟
بولدى ئۇكام ، بىزنى ئەمدى يەنە يوللىرىغا قارىتىپ يۈرمىسىلە .
كەچلىك تاماقتا باشلىرىدىن بىرتال ياغاچ ئۈشتۈۋەتمىسەم بولمىدى
ئەمدى . ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، باللار كەلسىلا بىزنىڭكىگە
دىككىدە چىقسىلا . ھەمداستىخان بولۇپ تاماقنى بىللە يەيمىز .
سۇلايمان قاسىم مىننەتدارلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى .

57

رىسالەت بۈگۈن ئىشتىن بەكلا كېيىن چۈشتى . ئىككى قې-
تىملىق ئوپېراتسىيە ۋە ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى كۆزىتىش ئىش-

لىرى بىلەن پالاقلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ جۇلىقى چىققانىدى. ئۇ شۇنچە چارچىغىنىغا قارىماستىن، يەنە ئەتىكى ئوپېراتسىيىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى بىر قۇر تەكشۈردى. ھەممە ئىشلارنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۆزىگە ھېچ بويسۇناي دېمەيتتى، جىسمىغا ئۇستىدلەپ ھاردۇق يەتكەندەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ ھەر قېتىم قولى ئىشتىن بوشاپ، دوختۇرخانا ئالدىغا چىققاندا، ئۆيگە قايتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش ئۇنىڭ بېشىغا تاغ بولۇپ يىقىلاتتى. ئۇنىڭ ئاچچىق تاماكا ئىسى نەپەسنى بوغىدىغان، تام - تورۇسلىرىدىن مۇدھىش يىغىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئۆيگە پەقەتلا قايتقۇسى يوق ئىدى.

رىسالەت جىگەررەڭلىك سومكىسىنى مۈرىسىگە تاشلىغىنىچە پىيادىلەر يولىغا چۈشتى ۋە تەگسىز خىياللارغا بېرىلگىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىشقا باشلىدى. رىتىملىق توپلەي ئاۋازى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان گادىرماش خىياللىرىغا دەخلى قىلالمايتتى. پەقەت ئادەت كۈچى بىلەنلا نىشاندىن ئاداشماي يۈرۈۋاتقان پاچاقلىرى ئۇنى ئۆزى خالىمىسىمۇ ھامان بېرىشقا مەجبۇر بولىدىغان ھىممەت ياسىننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ كوچىدا بىرەر تونۇش - بىلىش ئۇچراپ قالسىمۇ، كۆرمەي ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇڭا، قورۇدىكى بىكارچىلىقتىن تىنىپ كەتكەن ۋىت - ۋىت خوتۇنلار: «قەمبەرخاننىڭ بۇ قىزى خالاتنى كىيىپلا ئۆزگىرىپ كەتتى، ھەتتا ئادەمگە سالام قىلىشقىمۇ بوينى يەر بەرمەيدۇ» دېيىشىپ غوتۇلدىشاتتى.

شۇنداق، رىسالەتكە نىسبەتەن ھاياتنىڭ ئەمدى تارتىشقۇدەك، ئارزۇلىغۇدەك نېمە خوۋلۇقى قالدى؟ ھەممە ئۈمىدلىرىنى سولايمان قاسىمغا باغلاپ، قەلبىدە قۇرۇپ چىققان مەنىۋى قەلئەسىگە بېكىنىپ يۈرۈپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن بۇ قىزنىڭ ئېرىشكىنى نېمە بولدى؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھىممەت ياسىنلا ئەمەس، ھەتتا ئاتا - ئانىسىمۇ يات بىلىنەتتى. ئۇ ئىشتىن چۈشەتتى، ئۆيگە قايتاتتى، ئۆز ئۆيىگە يانمۇيان تۇرغان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېشىنى

تىقاتتى. ئانىسى بىلەن گەپ ـ سۆزلىرى خۇددى قوناق يارمىسىدا قىلىنغان خېمىردەك بىر ـ بىرىگە قولاشمايتتى. ئاندىن ئۇ «ئۆز ئۆيى» گە چىقاتتى. بۇ ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرى، ئىشكاپ ـ ساپالىرى، چىنە ـ قوشۇقلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك بىلىنەتتى. خىللاپ يۇرۇپ تازغا ئۇچرىغاندەك، ئارزۇ ـ ئارمانلاپ يۇرۇپ ئېرىشكەن ئادىمىنى ئويلىسا، ئۇنىڭ ھەتتا بۇ ئۆيدە نەپەس ئالغۇسىمۇ كەلمەيتتى.

رىسالەت ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپلا خىياللار قويىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. سىگنال بىرىپ ھەم جىددىي تورمۇزلانغان ماش رەڭلىك جىپ ئۇنىڭغا سۇركىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ، نەچچە قەدەم يىراقلىقتا توختىدى. چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى قالمىغان شوپۇر دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، رىسالەتنى تونۇپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئاچچىق سۆزلىرىنى زورىغا يۇتۇۋېتىپ ماشىنىسىنى قوزغىدى. رىسالەت بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇ پۇتلىرىغا ئىشىنەتتى، خۇددى ئاشۇ چاغدا سۇلايمان قاسىمغا ئىشەنگەندەك ... مانا، ئىشەنچ قىلغان پۇتلىرىمۇ ئۇنى ئۆز مەنزىلىگە ئەمەس، ئەجەلگە يېقىنلاشتۇرغانىدى. ئۇ شوپۇرنىڭ ھاماقەتلىكىدىن كۈلۈپ كەتتى. نېمە بولىدۇ؟ غاچچىدە دەسسىتىۋەتسە نېمە بولىدۇ؟ ماشىنىسىنىڭ چاقى ئۇپراپ كېتەمتى؟ ھەي بىچارە، ئۆلگۈدەك قورقۇپ، تىترەپ كەتكىنىڭنى قارا...

ئۇ خېلىلا كەچ كىرىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، قەدەملىرىنى تېزلەتتى ۋە يۈگۈرگەندەك مېڭىپ قورۇغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ھاسىرىغىنىچە مېڭىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندا، ھوشۇر سەلەيىنىڭ ئىشىكىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆيگە كىرىپ ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بەرمەكچى بولدى. ئىشىك ئالدىغا كېلىپلا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدا چىپپىدە توختىدى. ئۇنىڭ ئەمدى بۇ ئۆيگە كىرىشتىنمۇ رايى قايتقانىدى. شۇڭا، ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە كەينىگە يېنىپ، ئۆز ئىشىكىنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com